# شىنجاڭ گېزىتى

ᠰᠢᠨᠵᠢᠶᠠᠩ ᠰᠣᠨᠢᠨ  ·  شىنجاڭ گېزىتى  ·  新疆日报

2021 - يىل 1 - ئاي
26
سەيشەنبە
维吾尔文 1 月26日
25318 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى   مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W   پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57   تىيانشان تورى: www.ts.cn


## پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى يېتەكلەش، كاپالەتلىك قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرايلى

### —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش پارتىيەمىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۆرەشنى ئېلىپ بېرىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى يېتەكلەش، كاپالەتلىك قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سىياسىي يۆنىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، سىياسىي ئىرادىنى ساقلاپ، پوزىتسىيەنى ئۆزگەرتمەسلىك، ئىرادىنى ئاجىزلاشتۇرماسلىق، ئۆلچەمنى بوشاشتۇرماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ نىشان - ۋەزىپىلىرىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرى «داۋوس قارالمىسى» سۆزلىشىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم ئالاھىدە سۆز قىلدى

## دەۋر تېمىسىنى ھەل قىلىشتا جەزمەن كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى تەكىتلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كەچتە بېيجىڭدا سىن شەكلىدە دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرى «داۋوس قارالمىسى» سۆزلىشىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم «كۆپ تەرەپچىللىك مەشئىلى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتايلى» دېگەن تېمىدا ئالاھىدە سۆز قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ دەۋر دۇچ كەلگەن تېمىنى ياخشى ھەل قىلىشنىڭ چىقىش يولى كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش. 21 - ئەسىردىكى كۆپ تەرەپچىللىكتە توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، ھەم كۆپ تەرەپچىللىكنىڭ يادرولۇق قىممىتى ۋە ئاساسىي پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەم مەۋقەنى دۇنيا ئەندىزىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قويۇپ، يەر شارىۋى خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش ئېھتىياجىنى كۆزلەش كېرەك. ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، خەلقئارا قائىدىنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، كېڭىشىش، ھەمكارلىشىشتا چىڭ تۇرۇش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. جۇڭگو داۋاملىق خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا پائال قاتنىشىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا قاراپ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەيدۇ!

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۆتكەن بىر يىلدا، تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى پۈتۈن يەر شارىدا يامرىدى، يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلدى، دۇنيا ئىقتىسادى ئېغىر دەرىجىدە چېكىنىشكە پېتىپ قالدى، ئىنسانلار تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان نۇرغۇن ئېغىر كىرىزىسنى باشتىن كەچۈردى. ھازىر، يۇقۇم تېخى ئاياغلاشمىدى، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش يەنىلا داۋاملىشىۋاتىدۇ، لېكىن بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، قەھرىتان قىش باھارنىڭ قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ، قاراڭغۇ كېچە سەھەردىكى تاڭ نۇرىنى توسۇيالمايدۇ. ئىنسانلار چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئاپەتكە قارشى كۈرەشتە ئۆسۈپ يېتىلىپ ئالغا بېسىپ، ئوتتا تاۋلىنىپ، قايتا ھاياتلىققا ئېرىشەلەيدۇ.



1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا سىن شەكلىدە دۇنيا ئىقتىساد مۇنبىرى «داۋوس قارالمىسى» سۆزلىشىش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم ئالاھىدە سۆز قىلدى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆرېن فوتوسى

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىز بۇ دەۋر دۇچ كەلگەن تۆت چوڭ تېمىنى ياخشى ھەل قىلىشىمىز كېرەك:

بىرىنچى، ماكرولۇق ئىقتىساد سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ كۈچلۈك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تەڭپۇڭ، سىغدۇرۇشچان ئېشىشىغا ئورتاق تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھەم ھازىرقى ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ماكرولۇق ئىقتىساد سىياسىتى جەھەتتىن قوللاشنى كۈچەيتىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بالدۇرراق كىرىزىسنىڭ كۆلەڭگىسىدىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش، تېخىمۇ مۇھىمى كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ يۆتكىلىشى، شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى، قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنى ئۇزاققىچە ساغلام، مۇقىم تەرەققىي قىلىش يولىغا سېلىش كېرەك.

ئىككىنچى، ئىدېئولوگىيەدىكى بىر تەرەپلىمە قاراشنى چۆرۈپ تاشلاپ، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش يولىدا ئورتاق مېڭىش كېرەك. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار، يۇقىرى - تۆۋەنلىك، ياخشى - ناچارلىق پەرقى يوق، ئاچقۇچ ئۆز دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقى، خەلقنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشەلەيدىغان - ئېرىشەلمەيدىغانلىقى، سىياسىي مۇقىملىق، جەمئىيەت تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشىغا ياخشىلىنىش ئېلىپ كېلەلەيدىغان - كېلەلمەيدىغانلىقى، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشالايدىغان - قوشالمايدىغانلىقىدا. كۆپ خىللىق بولمىسا، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى بولمايدۇ. پەرق قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى ھاكاۋۇرلۇق، بىر تەرەپلىمە قاراش، ئۆچمەنلىك، قورقۇنچلۇقى ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكنى دەرىجىگە ئايرىش، قورقۇنچلۇقى ئۆزىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمىنى باشقىلارغا مەجبۇرلاپ تېڭىش. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا دومىنىكا زۇڭلىسى، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى بىلەن تېلېفونلاشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كەچتە دومىنىكا زۇڭلىسى سكەيرىت بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن دومىنىكانىڭ ئارىلىقى يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئىككى دۆلەت ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، باراۋەر ئاساستا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ياخشى دوستلار. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 17 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، جۇڭگو - دومىنىكا مۇناسىۋىتىدە زور ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە بىر - بىرىنى قوللىدى، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىكى، داۋالاش، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقى ياخشى بولدى، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستلۇقى كۈنسېرى چوڭقۇرلاشتى. جۇڭگو تەرەپ دومىنىكا تەرەپنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى دىپلوماتىيەدىكى ئالدىنقى يۆنىلىش قىلغانلىقىنى ئالقىشلايدۇ، دومىنىكانىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قۇربىنىڭ يېتىشىچە داۋاملىق ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. ئىشىنىمەنكى، ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، جۇڭگو - دومىنىكا دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى چوقۇم تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، جۇڭگو بىلەن دومىنىكا قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشتەك چوڭقۇر دوستلۇقنى نامايان قىلدى. جۇڭگو تەرەپ دومىنىكا تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن قوللاپ، دومىنىكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە ياردەم ۋە مەدەت بېرىپ، ۋاكسىنىنى ھەرقايسى دۆلەت خەلقى ئىشلىتەلەيدىغان، ئىشلىتىشكە قۇربى يېتىدىغان ئاممىۋى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ، ۋاكسىنىنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە سېتىۋالالايدىغان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگو تۆھپىسىنى قوشىدۇ. جۇڭگو - دومىنىكا ئىككى تەرەپ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قەتئىي قوللاپ، ئىنسانىيەت سەھىيە - ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا بىرلىكتە تۈرتكە بولىدۇ.

سكەيرىت مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دومىنىكا - جۇڭگو ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيان، ئىككى تەرەپ باشتىن - ئاخىر ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ، چوڭ - كىچىك دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى ئۈلگىگە ئايلاندى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا كۈچ چىقىرىپ، دومىنىكا ۋە باشقا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قىممەتلىك ياردەم بەردى. جۇڭگو تەرەپ دومىنىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى داۋالاش ماددىي ئەشيا ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى ھەمدە ۋاكسىنىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ئومۇملىشىشى ۋە

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېتەكلەش، كاپالەتلىك قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ كەم - كۈتىسىز دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

ئانار بۇلۇت \ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلدۇ: يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا، بېيجىڭ، خېبېيدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا ھەم بېيجىڭ 2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ۋە قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچقاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ 2020 - يىللىق خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە 2021 - يىللىق خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ ئۆتتى، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى قاراپ چىقتى، ئالاقىدار خىزمەتلەرنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئۆتكەن بىر يىلدا پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى مۇھىم، زور نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى، يېڭى ۋەزىپىسىنى چوڭقۇر شەرھلەپ بايان قىلىپ، كۈچلۈك سىياسىي نازارەتچىلىك ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

□ **پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز**

## پومپېئونىڭ «ئەسىر يالغان - ياۋىداق سۆزى»گە قەتئىي رەددىيە بېرىمىز

### شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى **شۆھرەت زاكىر**

يېقىندا ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتە ئېلان قىلىپ، پاكىت بىلەن ھېسابلاشماي، پۈتۈنلەي تۈترۇقسىز گەپ قىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا «ئىرقىي يوقىتىش» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتى» ئۆتكۈزدى دەپ بوھتان چاپلىدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە ئاساسسىز ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا قەستەن قارا چاپلىدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق، مەن بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن!

شىنجاڭدىن «قۇسۇر چىقىرىش»، شىنجاڭغا «قالپاق كىيدۈرۈش» پومپېئونىڭ ئادەتلەنگەن ھىيلە - نەيرىڭى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە بوھتان چاپلاشقا، قارا چاپلاشقا يول قويمايمىز

### شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى **شەۋكەت ئىمىن**

يېقىندا ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتنى نەزەرگە ئالماي، ئالاقىدار خەلقئارا ئەھدىنامىلەردىكى ئېنىقلىما، قائىدىلەرنى نەزەرگە ئالماي، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ شىنجاڭغا بەرگەن ئىجابىي باھاسىنى نەزەرگە ئالماي، ئاساسسىز ساختا ئۇچۇرلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ھە دەپ تارقاتتى. پومپېئونىڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن ئەيىبلىشى خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشقانلىق بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر ئازار بەردى. بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق قەتئىي قوشۇلمايدۇ، كۈچلۈك ئەيىبلەيدۇ، قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

پومپېئو ئەزەلدىن «يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ئوغرىلىق»نى شەرەپ بىلىپ، تەرەپ - تەرەپتە قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، ھە دەپ زومىگەرلىك قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)